www.munber.org

## مەككىدە نازىل بولغان | سۈرە قارىئە | 11 ئايەت

بِسۡمِ ٱللَّهِ ٱلرَّحۡمَٰنِ ٱلرَّحِيمِ

ٱلۡقَارِعَةُ ﴿١﴾ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ﴿٢﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا ٱلۡقَارِعَةُ ﴿٣﴾ يَوۡمَ يَكُونُ ٱلنَّاسُ كَٱلۡفَرَاشِ
ٱلۡمَبۡثُوثِ ﴿٤﴾ وَتَكُونُ ٱلۡجِبَالُ كَٱلۡعِهۡنِ ٱلۡمَنفُوشِ ﴿٥﴾ فَأَمَّا مَن ثَقُلَتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٦﴾ فَهُوَ فِي عِيشَةٖ
رَّاضِيَةٖ ﴿٧﴾ وَأَمَّا مَنۡ خَفَّتۡ مَوَٰزِينُهُۥ ﴿٨﴾ فَأُمُّهُۥ هَاوِيَةٞ ﴿٩﴾ وَمَآ أَدۡرَىٰكَ مَا هِيَهۡ ﴿١٠﴾ نَارٌ حَامِيَةُۢ ﴿١١﴾

**ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان اللہ نىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن**

***قىيامەت﴿1﴾. قىيامەت نېمىدۇر﴿2﴾. قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟﴿3﴾. شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ﴿4﴾. تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ﴿5﴾. تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ﴿6 - 7﴾. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ﴿8 - 9﴾. ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟﴿10﴾. ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر﴿11﴾.***

اللہ تائالا: ﴿**قىيامەت. قىيامەت نېمىدۇر**﴾ دەپ قىيامەت ھەققىدە گەپ ئاچقاندىن كېيىن، قىيامەتنىڭ ئىشىنىڭ ناھايىتى چوڭ ۋە ئەھۋالىنىڭ ناھايىتى ئېغىر ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەلەيسەن؟**﴾ ئاندىن اللہ تائالا قىيامەتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**شۇ كۈندە ئىنسانلار تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى شۇ كۈندە ئىنسانلار ئۆزلىرى دۇچ كەلگەن ئىشلاردىن گاڭگىراپ قېلىپ تارىلىش، ئايرىلىش ۋە ئۇياق - بۇياققا بېرىپ كېلىشلىرىدە خۇددى تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىدەك بولۇپ كېتىدۇ. بۇ ھەقتە اللہ تائالا مۇنداق دېدى: ﴿ئۇلار (قورقۇنچتىن) تىكىلىپ قارىيالمىغان ھالدا گويا تارىلىپ كەتكەن چېكەتكىدەك، قەبرىلىرىدىن چىقىپ كېلىدۇ﴾[1].

﴿**تاغلار ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ**﴾ يەنى تاغلار ئېتىلىشقا ۋە تىتىلىشقا باشلىغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ.

ئاندىن اللہ تائالا ياخشى ئەمەل - ئىبادەت قىلغۇچىلار، ئۆزلىرىنىڭ قىلغان ئەمەل - ئىبادەتلىرىگە قارىتا مۇكاپاتلىنىدىغانلىقىدىن ۋە يامان ئىشلارنى قىلغۇچىلارنىڭ قىلغان ئىشلىرىغا قارىتا

---

[1] سۈرە قەمەر 7 - ئايەت.

جازالىنىدىغانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ مۇنداق دېدى: ﴿**تارازىسى ئېغىر كەلگەن (يەنى ياخشىلىقلىرى يامانلىقلىرىنى بېسىپ چۈشكەن) ئادەمگە كەلسەك، ئۇ كۆڭۈللۈك تۇرمۇشتا (يەنى نازۇنېمەتلىك جەننەتتە) بولىدۇ. تارازىسى يېنىك كەلگەن (يەنى يامانلىقلىرى ياخشىلىقلىرىنى بېسىپ كەتكەن، يا ياخشىلىقى بولمىغان) ئادەمگە كەلسەك، ئۇنىڭ جايى ھاۋىيە بولىدۇ**﴾ يەنى يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەم جەھەننەمگە بېشىچىلاپ چۈشكۈچىدۇر. ئىبنى ئابباس، ئىكرىمە، ئەبۇسالىھ ۋە قەتادە قاتارلىقلارمۇ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنىڭ شۇنداق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلدى.

بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە: ھاۋىيە يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەملەر كىرىدىغان بىر دوزاخنىڭ ئىسمىدۇر، دېگەن كۆز قاراشمۇ بار. بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى ھەققىدە ئىبنى زەيد: شۇنداق خىلدىكى ئادەملەرنىڭ ئاخىرى بارىدىغان ۋە ئورۇنلىشىدىغان جايى دوزاخ بولىدۇ، دېدى. ئىبنى ئەبۇ ھاتەم قەتادەنىڭ: ”ھاۋىيە“ بولسا، يامانلىقلىرى بېسىپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ كىرىدىغان دوزىخى ۋە ئورۇنلىشىدىغان جايىدۇر، دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدۇ.

الله تائالا ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئوچۇق بايان قىلىپ مۇنداق دېدى: ﴿**ھاۋىيەنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى سەن قانداق بىلەلەيسەن؟ ھاۋىيە قىزىق ئوتتۇر**﴾ يەنى يالقۇنى ۋە تەپتى ناھايىتى قىزىق بولغان ئوتتۇر.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم ئەبۇھۇرەيرەنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «(دۇنيادا) ئىنسانلار يېقىۋاتقان ئوت دوزاخ ئوتىنىڭ يەتمىشتىن بىر ھەسسىسىدۇر» دېدى. ساھابىلار: ئى الله نىڭ پەيغەمبىرى! مۇشۇ بىر ھەسسىسىمۇ يېتەرلىك بولاركەنغۇ؟ دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام: «ئۇ بىر ھەسسىگە يەنە ئاتمىش توققۇز ھەسسە قېتىلدى» دېدى. پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام بىر رىۋايەتتە مۇنداق دېدى: «ئۇ بىر ھەسسىگە (ھەر بىر ھەسسە شۇ بىر ھەسسىنىڭ قىزىقلىقىدا بولغان) ئاتمىش توققۇز ھەسسە قېتىلدى».

ئىمام ئەھمەد ئەبۇھۇرەيرەدىن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ: «دوزاختا كىرگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئەڭ يەڭگىل ئازاب بېرىلگەن كىشى (ئوتتىن) ئىككى كەش كەيدۈرۈلگەن كىشى بولۇپ، ئۇ ئىككى كەشنىڭ قىزىقلىقىدىن ئۇنىڭ مېڭىسى قاينايدۇ» دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلدى.

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «دوزاخ پەرۋەردىگارىغا شىكايەت قىلىپ ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىز بىر بىرىمىزنى يەپ بولدۇق، دېدى. شۇنىڭ بىلەن الله تائالا ئۇنىڭغا قىشتا بىر قېتىم ۋە يازدا بىر قېتىم (بولۇپ ئىككى قېتىم) تىنىۋېلىشقا رۇخسەت بەردى. قىشتا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق سوغۇق بولسا، ئۇنىڭ تېنىغىدىن كەلگەن سوغۇقتۇر. يازدا سىلەر ئۇچرايدىغان ئەڭ قاتتىق ئىسسىقمۇ ئۇنىڭ تىنىقىدىن كەلگەن ئىسسىقتۇر».

ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: «ھاۋا بەك قىزىپ كەتسە، سىلەر نامازنى (ھاۋانى) سوۋۇتۇپ ئوقۇڭلار. چۈنكى، ھاۋانىڭ بەك قىزىپ كەتكەنلىكى دوزاخنىڭ قىزىقلىقىنىڭ تاشقانلىقىدىندۇر».

الله تائالاغا شۈكۈرلەر بولسۇن. شۇنىڭ بىلەن قارىئە سۈرىسىنىڭ تەپسىرى ئاياغلاشتى.

www.munber.org